# يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى جىلىننىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشى، ھەر تەرەپلىمە گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كۆلەملەشتۈرۈپ تېرىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ئاڭلىدى. قۇياش ئوتتەك يالقۇنجاپ تۇراتتى، چەكسىز كەتكەن مۇنبەت دالىدا يېشىل دولقۇنلار مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، ئۇچقۇچسىز ئايروپىلان پۈركۈش مەشغۇلاتى قىلىۋاتاتتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مەن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە بىخەتەرلىكىگە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىمەن. بۇ يىل يازلىق ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئېلىش چوڭ ۋەزىيىتى مۇقىملاشتى، كۈزلۈك ئاشلىقتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. جىلىن ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، قىلچە بوشاشماي ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات يولى ئۈستىدە ئىزدىنىشتە تېخىمۇ كۆپ تەجرىبە يارىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ قوناقلىققا كىرىپ، قارا تۇپراق تەجرىبە ئەۋرىشكىسى ۋە قوناق ئەلا سورتلىرى كۆرگەزمىسىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ـ پايدىلىنىش، قارا تۇپراقنى قوغداش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا. يېزا ئىگىلىكى بىلەن پەن ـ تېخنىكىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىش كېرەك، پەن تەتقىقات خادىملىرى ئىلمىي ماقالىنى كەڭ زېمىنغا يېزىپ، دېھقانلارنى ئەڭ ياخشى تېخنىكا ئارقىلىق ئەڭ ياخشى ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشى كېرەك. لىشۇ ئەندىزىسىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ ۋە ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىپ، ھەقىقىي تۈردە قارا تۇپراقتىن ئىبارەت بۇ «تېرىلغۇ يەرنىڭ مۈشۈكئېيىقى»نى ياخشى قوغداپ، ياخشى پايدىلىنىپ، ئۇنى خەلققە مەڭگۈ بەخت يارىتىدىغان قىلىش كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ لۇۋبېي يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپىغا كېلىپ، كوپېراتىپنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تىجارەت ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. كوپېراتىپ ئەزالىرىنىڭ: كوپېراتىپقا كىرگەن دېھقانلارنىڭ ھەر گېكتار يېرىنىڭ يىللىق ساپ كىرىمى 10 مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ، دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ شى جىنپىڭ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مۇۋاپىق كۆلەملىك تىجارەتنى راۋاجلاندۇرۇش، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئۈنۈملۈك تەشكىلىي شەكلى بولۇپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش، دېھقانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا، مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىجارەت ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق. ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرىنى پائال يۆلەپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئوخشاش بولمىغان كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپ ئەندىزىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك. يۇرتداشلارنىڭ غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنى تېخىمۇ روناق تاپقۇزۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ سىپىڭ ئۇرۇشى خاتىرە سارىيىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى شەرقىي شىمال دېموكراتىك بىرلەشمە ئارمىيە سىپىڭدا تۆت قېتىم جەڭ قىلغان، 20 مىڭغا يېقىن كوماندىر ـ جەڭچى قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ، لياۋشېن ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن زۆرۈر شارائىت يارىتىپ بەرگەن، ئازادلىق ئۇرۇشى ئۈچۈن قىممەتلىك بولغان شەھەر ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى ئۇرۇش قىلىش تەجرىبىسىنى توپلاپ بەرگەن. شى جىنپىڭ ئەستايىدىل كۆرۈپ، ئارىلاپ سوراپ، ئاشۇ بۆلەك تاغنى تالقان قىلىدىغان جاسارەت بىلەن جەڭ قىلىش مۇساپىسىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز چوقۇم ئىنقىلابىي ئەجدادلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ئىشلىرى ئۈچۈن ئىسسىق قېنى ۋە ھاياتىنى بېغىشلىغانلىقىنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز، يېڭى جۇڭگونىڭ تەستە قولغا كەلگەنلىكىنى ئەستە چىڭ ساقلىشىمىز كېرەك. ئىگىلىك تىكلەش تەس، ئىگىلىكنى ساقلاپ قېلىش تېخىمۇ تەس. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە خەلق ئاممىسى پارتىيە تارىخىنى، يېڭى جۇڭگو تارىخىنى ناھايىتى ياخشى ئۆگىنىپ، ئىگىلەپ، پارتىيە خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ بەرپا قىلغان سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى قوغداپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.

چاڭچۈن شەھىرى كۇەنچېڭ رايونى تۇەنشەن كوچىسى چاڭشەن گۈللۈكى مەھەللىسىدە ئىلگىرى قاتمۇقات قىيىنچىلىق بولۇپ، مۇھىتى پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار ئىدى، كۆپ يىل ئۆزگەرتىش ۋە تۈزەش ئارقىلىق، بۈگۈنكى كۈندە ئاھالىلەر خاتىرجەم ياشايدىغان مەھەللىگە ئايلاندى. 7 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شى جىنپىڭ مەھەللىگە كېلىپ، مەھەللىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىش، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش خىزمەت ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ئۇلار بەرپا قىلغان «تۆت دەرىجىلىك» مەھەللە پارتىيە قۇرۇلۇشى تور خىزمىتى سىستېمىسى ۋە «ئۈچ باشلىق» مەھەللە باشقۇرۇش سىستېمىسىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. چاڭشەن گۈللۈكى مەھەللىسىگە تايىنىپ بەرپا قىلىنغان جىلىن چاڭچۈن مەھەللە كادىرلىرى شۆبىسى قۇرۇلغان بىر يىلدىن بۇيان، پۈتۈن مەملىكەت، ئۆلكە، شەھەر بويىچە 30 قارار تەربىيەلەش كۇرسى ئېچىشنى ئۈستىگە ئېلىپ، مەھەللە خىزمەتچىلىرىدىن 4400دىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيەلىدى. شى جىنپىڭ شۆبىگە كىرىپ، شۆبىنىڭ قۇرۇلۇش ۋە تەربىيەلەش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشتا، مەھەللە ئىدارە قىلىشنى كۈچەيتىشكىلا بولىدۇكى، ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى ئەڭ ئاساسىي قاتلامغىچە ئۇزارتىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى خىزمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا مەھەللىلىرى ئىدارە قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. ئەمەلىيەت داۋامىدا شەكىللەنگەن ياخشى تەجرىبە، ياخشى ئۇسۇللارنى يەكۈنلەپ، كېڭەيتىپ، تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ئىلغارلىقى ۋە سىستېمىلىقلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك.

ئارقىدىن، شى جىنپىڭ پىيادە مېڭىپ چاڭشەن گۈللۈكى مەھەللىسىنىڭ مۇھىتىنى كۆزدىن كەچۈردى ھەم ئاھالە جاۋ شىڭفۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ئۇلار بىلەن پاراڭلاشتى. جاۋ شىڭفۇ باش شۇجىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مەھەللە مۇھىتىنىڭ يىلدا بىر تۈسكە كىرىۋاتقانلىقىنى، كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بارغانسېرى قولايلىشىۋاتقانلىقىنى، قوشنىلار مۇناسىۋىتىنىڭ ئىناق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. شى جىنپىڭ ئاڭلاپ ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

مەھەللە مەيدانىدا، خەۋەرنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن مەھەللە ئاھالىلىرى خۇشال ھالدا باش شۇجىدىن ئەھۋال سورىدى. شى جىنپىڭ كۆپچىلىككە قول ئىشارىسى بىلەن ئېھتىرام بىلدۈردى، كۆپچىلىكنىڭ باش قەھرىمانلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، ھەممە ئادەم قاتنىشىپ، بىرلىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، خەلق ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، يۇرت ـ ماكانىنى تېخىمۇ بەختلىك، گۈزەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلدى.

چاڭچۈن يېڭى رايونى تەسىس قىلىنغان بەش يىلدىن بۇيان، ئىلغار ياسىمچىلىق، بىيو تېببىي دورىگەرلىك، ئاۋىياتسىيە ـ ئالەم قاتنىشى قاتارلىق ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تىرەك قىلغان زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە بەرپا قىلدى. شى جىنپىڭ يېڭى رايون يېرىك پىلان كۆرگەزمىخانىسىغا كىرىپ، مەھسۇلات كۆرگەزمىسىنى كۆرۈپ، يېڭى رايوننىڭ يېرىك پىلانى قۇرۇلۇشى ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: يۇقىرى، يېڭى پەن ـ تېخنىكا باغچە رايونى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىنى چۆرىدەپ، يۇقىرى سەۋىيەلىك پىلانلاش، يۇقىرى ئۆلچەمدە قۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈجۈپىلەشكەن، ماھىيەتلىك مەزمۇن شەكىلدىكى تەرەققىيات يولىدا مېڭىشى كېرەك، ئۇل ئەسلىھە يېرىك پىلانى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىشى، تېخىمۇ مۇھىمى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىي تەرەققىياتىدا تۈرتكىلىك ۋە تەسىر كۆرسىتىش رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى يېڭى جۇڭگو ئاپتوموبىل سانائىتىنىڭ بۆشۈكى بولۇپ، 60 نەچچە يىلدىن بۇيان، «خۇڭچى»، «جېيفاڭ» قاتارلىق داڭلىق خاس سۈپەتلىك ماركىلارنى بارلىققا كەلتۈردى، يۈرۈشلۈك شېرىكلەشكەن ھەمكارلىق سۈپەتلىك ماركىلىرىنى شەكىللەندۈردى. 1 ـ ئاپتوموبىل گۇرۇھى تەتقىق قىلىپ ئېچىش باش يۇرتىنىڭ زالىدا، باش شۇجى ئومۇمىي ئەھۋال توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. شى جىنپىڭ پۈتۈن ئاپتوموبىل قاتتىق دېتاللىرىنى ئۆلچەش ـ سىناش تەجرىبىخانىسىغا كىرىپ، يېڭى تېخنىكىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى. نەق مەيداندا يېڭىلا مەكتەپ پۈتكۈزگەن بىرنەچچە داشۆ ئوقۇغۇچىسى بار ئىدى، باش شۇجى ئۇلار بىلەن سەممىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، بۇ يىل ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋالىنى سورىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى كېرەك، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار كەسىپ تاللاپ ئىشقا ئورۇنلىشىش قارىشىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك، ئىرادە بولسىلا كەسىپ بولىدۇ، قابىلىيەت بولسىلا سەھنە بولىدۇ. كۆپچىلىكنىڭ ئورنىنى توغرا تېپىپ، كىشىلىك تۇرمۇش غايىسىنى پۇختا ئىشقا ئاشۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كارخانا كۆرگەزمە زالىدا، شى جىنپىڭ ئەڭ يېڭى پاسوندىكى پۈتۈن ئاپتوموبىل مەھسۇلاتلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، گۇرۇھنىڭ يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، تۈزۈلمە مېخانىزمدا يېڭىلىق يارىتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئەھۋالىنى ئىگىلىدى، ھەم ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن قىسقا پىكىر ئالماشتۇردى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئاپتوموبىل ياسىمچىلىقىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، جەزمەن ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكا ۋە ئاچقۇچلۇق ئۇششاق زاپچاسلارنى ئۆز ئالدىغا تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى كۈچەيتىپ، تېخنىكىدا ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئۆزىنى قۇدرەت تاپقۇزۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللىي سۈپەتلىك ماركىنى كۈچەيتىش، زورايتىش كېرەك. بۈگۈنكى دۇنيادا ياسىمچىلىق رىقابىتى كەسكىن بولۇپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەگىم يولدا يانداپ ئۆتۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. كۆپچىلىكنىڭ جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەپ، شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش داۋامىدا ئەقىل ـ پاراستىنى بېغىشلاپ، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مۇساپىسىدە ياشلىق باھارىنىڭ سەلتەنەتلىك سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

7 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شى جىنپىڭ جىلىن ئۆلكىلىك پارتىيە كومىتېتى ۋە ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ، جىلىننىڭ تۈرلۈك خىزمەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى، پۈتۈن ئۆلكىدىكى كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، جىلىننىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىدا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، يېڭى دەۋردە جىلىننى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېڭى نەتىجە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇشتا، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ سۈپەت ئۆزگىرىشى، ئۈنۈم ئۆزگىرىشى، ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ئۆزگىرىشىگە كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىسادنىڭ رىقابەت كۈچى، يېڭىلىق يارىتىش كۈچى، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئەمەلىي ئىقتىسادنى، بولۇپمۇ ياسىمچىلىقنى پۇختىلاپ، ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، پۈتۈن كەسىپ زەنجىرىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، يېڭىچە ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىشلەپچىقىرىش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات بىر گەۋدىلەشكەن يېڭىلىق يارىتىش سىستېمىسى قۇرۇشنى تېزلىتىش كېرەك. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، بازارلاشقان، قانۇنچىللاشقان، خەلقئارالاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى يېتىلدۈرۈش كېرەك. دۆلەت ئىلكىدىكى كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ تەرەققىياتىغا مەدەت بېرىپ، كارخانىچىلار روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تۈرلۈك بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى قوزغىتىش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا پائال قاتنىشىپ، دۆلىتىمىزنىڭ شىمالغا ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم كۆزنىكى ۋە شەرقىي شىمالىي ئاسىيا رايونى ھەمكارلىق مەركىزى تۈگۈنىنى ياخشى بەرپا قىلىپ، بېيجىڭ ـ تيەنجىن ـ خېبېينى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مۇھىم، زور رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەلىرى بىلەن ئۇدۇللاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇشتىكى مۇھىم، زور پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇللۇق ئورنىنى مۇستەھكەملەپ، يېزا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز ـ ئېرىق قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىك پەن ـ تېخنىكىسى ۋە جابدۇق تىرەكلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېشىل يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، يېزىلاردىكى ئۈچ كەسىپنىڭ يۇغۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش بىلەن يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ لايىھەلەش، بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئاممىۋى مۇلازىمەتنى يېزا ـ كەنتلەرگىچە ئۇزارتىشنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك. ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپىدىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتىنىڭ تەرەققىياتىنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، مۇۋاپىق كۆلەملىك تىجارەتنى ئالغا سىلجىتىپ، يېزا كوللېكتىپى مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يېڭىچە كوللېكتىپ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇش، زورايتىش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش ۋە يېڭى نامراتلىق پەيدا بولۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، مۇھىم، زور ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ خاتىرجەم ياشىشى، غەم ـ ئەندىشىسى، ھال ـ ئەھۋالىنى كۆڭۈلگە پۈكۈپ، تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن ھازىر بار ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، يېڭى ئىش ئورنىنى پائال كۆپەيتىپ، ئىشسىز قالغانلارنىڭ قايتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەن ئوقۇغۇچىلار، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەر، دېھقان ئىشلەمچىلەر ۋە شەھەر ـ بازارلاردىكى قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر قاتارلىق نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەش كېرەك. پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش تۈپ ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شەھەر ـ يېزا مەجبۇرىيەت مائارىپىنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مائارىپ ئادىللىقىنى قوغداش كېرەك. ئېغىر، زور يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تۈزۈلمە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىۋى سەھىيە ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسىنى زورايتىپ، ئاممىۋى سەھىيە قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى ۋە داۋالاش مۇلازىمىتىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك ماسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. جەمئىيەت ئامانلىقى بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئىشلەپچىقىرىش بىخەتەرلىكىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ھازىر، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش «7 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 8 ـ ئاينىڭ بېشى» باسقۇچىغا كىردى، جەنۇب بىلەن شىمال تەرەپتىكى دەريا ـ ئېقىنلارنىڭ كەلكۈندىن بىخەتەر ئۆتۈشىنى جەزمەن بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئە كۆرۈش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تەشكىلات بىلەن پارتىيە قۇرۇش ۋە ئىدىيە بىلەن پارتىيە قۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي ئەۋزەللىكىنى ياخشى مۇستەھكەملەش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش، ياخشى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. قىزىل بايلىقنى غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىدىغان، پارتىيەۋىلىك جەھەتتىن تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىدىغان جانلىق دەرسلىك قىلىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى ئەسلىي مەقسەتنى مەڭگۈ ساقلاش، بۇرچنى مەڭگۈ زىممىسىگە ئېلىشقا تەربىيەلەش، يېتەكلەش كېرەك. ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشتىكى سىياسىي ئۆتكەل، پاكلىق ئۆتكىلى، ئىقتىدار ئۆتكىلىنى چىڭ، ياخشى ئىگىلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىسىگە ئالىدىغان، نەتىجە يارىتىشقا ماھىر كادىرلارنى رىغبەتلەندۈرۈش، قوغداشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنى توغرا ھوقۇق قارىشى، سىياسىي نەتىجە قارىشى، كەسىپ قارىشى تۇرغۇزۇشقا تەربىيەلەپ، يېتەكلەپ، شەكلىۋازلىق، بىيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىش كېرەك. پارتىيەنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىشنى دائىملاشتۇرۇش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. ئىختىساسلىقلار خىزمىتى سىياسىتى، تۈزۈلمە مېخانىزمى، شەكلى ـ ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئىختىساسلىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئېلىپ قالىدىغان ياخشى مۇھىتنى پائال يارىتىش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، سىياسىي ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشىنى ئاساس خاراكتېرلىك، دائىملىق خىزمەت قىلىپ، توغرا كەيپىياتقا تولغان بولۇش، سىياسىيدا سەگەك بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، ليۇ خې، چېن شى، خې لىفېڭ ۋە مەركەزنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار تەكشۈرۈشتە ھەمراھ بولدى.